شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 11- ئاي
22
يەكشەنبە
维吾尔文 11 月22日

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25253- سان بۈگۈن 4 بەت

قانۇنچىللىق يولدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

قانۇنچىللىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسىي شەكلى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم تايانچى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا چوڭقۇر قىلىپ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلغاندىلا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ سىستېمىلىقلىقى، قېلىپلىششى، ماسلىشىشچانلىقىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى، (ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15- قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 1- باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

20 دۆلەت گۇرۇھى يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردە خەلقئارا تەرتىپ ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ زور يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، جۇڭگو باشتىن- ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، يەر شارىۋى تەرەققىياتنىڭ تۆھپىكارى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، دەپ تەكىتلىدى



11- ئاينىڭ 21- كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15- قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 1- باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى راۋ ئەيمىن فوتوسى

11- ئاينىڭ 21- كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15- قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 1- باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11- ئاينىڭ 21- كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11- ئاينىڭ 21- كۈنى كەچتە، بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15- قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 1- باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم «پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىپ، كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، كۆپ تەرەپچىللىك، ئېچىۋېتىلگەن- سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلىشىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردە خەلقئارا تەرتىپ ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ زور يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەر بولۇپ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانىيەت باشتىن كەچۈرۈۋاتقان 100 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئالدىدا، 20 دۆلەت گۇرۇھى تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن يەر شارىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يۆنىلىشىگە يېتەكلىدى. ھازىر، يۇقۇم يەنىلا يامراۋاتىدۇ، خەلقئارا ئەندىزە تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، يەر شارىۋى كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى زەربىگە ئۇچراۋاتىدۇ. مەن 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە يەنىمۇ كۈچ چىقىرىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

بىرىنچى، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇداپىئە توسۇقى بەرپا قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن ھەركىم ئۆزىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى ھەم باشقا دۆلەتلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ بايلىقنى ماسلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈپ، ۋاكسىنىنى ئادىل، ئۈنۈملۈك تەقسىملىشنى قوللاش كېرەك. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ۋاكسىنىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى ئىشلىتەلىدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش تومۇرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، يەر شارىۋى كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەر، راۋان ئايلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇھىم داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى سودىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلىپ، خادىملارنىڭ تەرتىپلىك بېرىش- كېلىشىگە قولايلىق يارىتىش كېرەك. تېخىمۇ كۆپ دۆلەتنىڭ جۇڭگو تەرەپ (ئاخىرى 2- بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدە پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەپ كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۈك خەۋەر قىلىدۇ: 11- ئاينىڭ 21- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدە پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە ئەمەلىي تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «14- بەش يىل»نى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاچقان پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىلىپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان- ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن- سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىگىلەپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەپ كۈچ سەرپ قىلىپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن- ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ھەقىقىي تۈردە پارتىيە 19- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، (ئاخىرى 2- بەتتە)

چېن چۈەنگو مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

لى پېڭشىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 11- ئاينىڭ 21- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ شەرەپ قوچۇپ قايتىپ كەلگەن شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، تىيەن ۋېن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشقان پائال تۆھپىسىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشكەنلىكى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سېپىدىكى يولداشلارغا قىلغان سەممىي غەمخورلۇقىنى، (ئاخىرى 4- بەتتە)

نەچچە مىڭ يىللىق نامراتلىق بىلەن خوشلىشىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش

— شىنجاڭنىڭ تۈمەن چاقىرىملىق چېگراسىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خاتىرىسى ›› 3- بەتتە